## 169899 ـ زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشتىن كېچىكتۈرۈپ رامىزاندا ئادا قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

ئالدى بىلەن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقاندىن كېيىن سىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇ ئەمىلىڭلارنى ياخشىلىق مىزانىڭلاردا قىلىشىنى، بۇ توربەتتىن پايدىلانغان مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن، ئۇلارغا مەنپەئەت بېرىشىنى سورايمەن. مېنىڭ سوئالىم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: مەن ئۈچ يىلدىن بېرى بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ئايلىق ئىش ھەققىم ياخشى، مەن ئىقتىساد تويلاپ پۇلۇمنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋاقتىنى جىمادۇل ئاخىر(ھىجرىيە 6-ئاي)دەپ ئېنىق ھېسابلىغان ئىدىم، لېكىن مەن مەقسەتسىزلا زاكاتنى ئايرىش ۋاقتىنى رامزانغا كېچىكتۈردۈم، مەن كۆڭلۈمدە زاكاتنى قايسى ۋاقىتتا ئايرىسام مېنىڭ ئىختىيارلىقىم بولىدۇ دەپ ئويلىدىم، بۇ ئىش ئىككى يىل داۋاملاشتى، مېنىڭ سورىماقچى بولغىنىم: مەن بۇ يىللىق زاكىتىمنى ئىلگىركىگە ئوخشاش رامىزان ئېيىدا ئايرىيمەنمۇ ياكى ئىلگىركى ئىككى يىلدىكىگە ئوخشاش جىمادۇل ئاخىر ئېيىدا ئايرىيمەنمۇ؟. ئىلگىركى ئىككى يىللىق زاكاتنى ۋاقتىدا ئايرىماي كېچىكتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن كېچىكتۈرگەن ھەر ئاينىڭ زاكىتىنى ئايرىم چىقىرىمەنمۇ؟، چۈنكى مەن جىمادۇل ئاخىردا ئىگە بولغان مالنىڭ زاكىتىنى رامزاندا ئايرىغان ئىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: توپلانغان مال زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ بىر يىل توشقاندا تېزدىن مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش كېرەك بولىدۇ، ئەگەر شەرئى ئۆزۈرسىز زاكات ئايرىشنى كېچىكتۈرسە گۇناھكار بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەللەرنى تاپالماسلىق قاتارلىق سەۋەپلەر بىلەن كېچىكتۈرسە گۇناھ بولمايدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "زاكات پەرز بولغاندا ۋە ئۇنى ئايرىش ئىمكانىيىتى بولغاندا تېزدىن ئايرىش كېرەك بولىدۇ، كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، بۇ ئىمام مالىك، ئەھمەد ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ: زاكاتنى ئادا قىلىڭلار دېگەن سۆزىمۇ زاكاتنى تېزدىن ئادا قىلىشقا بۇيرىغان بۇيرۇقتۇر". ["شەرھى مەھەززەب"5-توم 308-بەت].

"دائىمىي كومىتېتى پەتىۋاسى"9-توم 398-بەتتە مۇنداق كەلگەن: سوئال: ئەگەر زاكاتنى ئايرىش ۋاقتى جىمادۇلئۇلا بولسا، بىز ئۇنى سەۋەبسىز رامزانغا كېچىكتۈرسەك توغرا بولامدۇ؟

جاۋاپ:" زاكاتنى ئايرىغان ۋاقىت بولغاندا يەنى يىل توشقاندا زاكاتنى بېرىدىغان كەمبەغەللەرنىڭ بولماسلىقى، مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن مال قولىدا يوق بولۇپ قىلىپ كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەسلىك قاتارلىق شەرئى سەۋەپلەرسىز زاكات ئايرىشنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، ئەمما رامىزان ئۈچۈنلا زاكاتنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر رامزانغا ئاز ۋاقىت قالغان بولسا مەيلى. مەسىلەن زاكات ئايرىش ۋاقتى شەئبان ئېيىنىڭ يېرىمىدا توشقان بولسا بۇنى كېچىكتۈرۈپ رامزاندا ئايرىسا دۇرۇس بولىدۇ". ["ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى". شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز. ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: زاكاتنى رامزانغا كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلسا قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "زاكاتمۇ باشقا ياخشى ئەمەللەرگە ئوخشاش پەزىلەتلىك ۋاقىتلاردا ئادا قىلىنسا ياخشى بولىدۇ، لېكىن يىل توشۇپ زاكات قاچان پەرز بولسا شۇ ۋاقىتتا كېچىكتۈرمەستىن رامزانغا ساقلىماستىن بەلكى رەجەپ ئېيىدا تىزدىن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ، ئەمما يىلىنىڭ توشىدىغان ۋاقتى رامزاندا بولسا، ئۇ ۋاقىتتا رامزاندا ئايرىش ياخشى بولىدۇ، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارغا بىرەر ئاپەت يەتسە، كىشىلەر مالغا جىددى ئېھتىياجلىق بولسا ئۇ ۋاقىتتا زاكاتنى يىل توشۇشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"18-توم 295-بەت].

ئىككىنچى: سوئال سورىغۇچى ئۆزىنىڭ خاتا قارىشىغا ئاساسەن مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشنى رامزانغا كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بىلمەسلىكتىن كېچىكتۈرگەنلىكىگە گۇناھ بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زاكاتنى رامزاندا ئايرىغان بولسا، ئوتتۇرىدىكى كېچىكتۈرگەن ئارتۇق ۋاقىتنىڭ زاكىتىنى ئايرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، كېچىكتۈرگەنلىكىگە بىر نەرسە بولمايدۇ، لېكىن ئۇ كىشى بۇ يىللىق زاكاتنى رامزانغا كېچىكتۈرمەستىن جىمادۇل ئاخىر ئېيىدا چىقىرىشى زۆرۈر بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.